سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى قۇرۇلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (چى شېڭ) شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى جۇڭگو ھۆكۈمىتى شاڭخەيدە تەسىس قىلغان رايون خاراكتېرلىك ئەركىن سودا باغچە رايونى بولۇپ، پۇدۇڭ چېگراسى ئىچىگە جايلاشقان، جۇڭگو ئەركىن سودا رايونى دائىرىسىگە تەۋە. 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇڭگو (شاڭخەي) ئەركىن سودا سىناق رايونى رەسمىي قۇرۇلدى، كۆلىمى 28.78 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شاڭخەي شەھىرىدىكى ۋەيگاۋچياۋ باجدىن خالىي رايونى، ۋەيگاۋچياۋ باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروت باغچە رايونى، ياڭشەن باجدىن خالىي پورت رايونى ۋە شاڭخەي پۇدۇڭ ئايروپورتى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى قاتارلىق تۆت تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى گوۋۇيۈەنگە جۇڭگو (شاڭخەي) ئەركىن سودا سىناق رايونى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھوقۇقىنى بېرىپ، كۆلىمىنى 120.72 كۋادرات كىلومېتىرغا كېڭەيتتى. كېڭەيتىلگەن دائىرە لۇجيازۈي پۇل مۇئامىلە تەۋەلىك رايونى، جىنچياۋ تەرەققىيات تەۋەلىك رايونى ۋە جاڭجياڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەۋەلىك رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونىنى قۇرۇشتىكى ئومۇمىي نىشان: ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغان ئىسلاھات سىنىقى ئارقىلىق، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، باش ئىشتاب ئىقتىسادى ۋە يېڭىچە سودا كەسىپ ھالىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كاپىتال تۈرلىرىنى ئايرىباشلاش ۋە پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت كەسپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تېزلىتىپ، مال ھالىتىنى تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەبلەغ سېلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سىستېمىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارالاشقان ۋە قانۇنچىللاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، تىرىشىپ خەلقئارا سەۋىيەگە ئىگە بولغان سودىغا مەبلەغ سېلىش قولايلىق، پۇل ئايرىباشلاش ئەركىن، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولايلىق، قانۇنچىلىق مۇھىتى قېلىپلاشقان ئەركىن سودا سىناق رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن يېڭى تەپەككۇر ۋە يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش.

جۇڭگو (شاڭخەي) ئەركىن سودا سىناق رايونى قۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش، باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش، سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش، يېڭى تەجرىبە توپلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، 2019 ـ يىلى 8 ـ ئايغا قەدەر، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىناق نۇقتىسى شاڭخەيدىن تەدرىجىي ھالدا گۇاڭدۇڭ، تيەنجىن، فۇجيەن، لياۋنىڭ، جېجياڭ، خېنەن، خۇبېي، چۇڭچىڭ، سىچۈەن، شەنشى، خەينەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ، گۇاڭشى، خېبېي، يۈننەن، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق جايلارغا كېڭەيتىلدى.

# شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى: «تاماق بۇيرۇتۇش شەكلى»دىكى مۇلازىمەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىزنى باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىدى، قوزىلار كۆپەيدى، كالا، قويلارمۇ تېز چوڭ بولدى، مېنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تېخىمۇ ئىشەنچىم بار بولدى.» بەشئېرىق بازىرى تۆۋەنكى قۇمئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى يۈسۈپ مىجىتنىڭ ئائىلىسى كالا، قوي بېقىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ، كىرىمى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى يەتكۈزۈشى ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

«تاماق بۇيرۇتۇش شەكلى»دىكى نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇش شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە كۈچنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا مۇجەسسەملەپ، پەن ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەشتىكى مۇھىم تەدبىرى. 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى ۋەزىپە قىلىپ، ئالىي يېزا ئىگىلىك مەكتىپىلىك ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تىرىشىپ راۋانلاشتۇردى.

مەكتەپنىڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشى دېگەندەك تېز بولماسلىق، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقى دېگەندەك كۈچلۈك بولماسلىق، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ قاپلاش دائىرىسى دېگەندەك كەڭ بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى تۈزىتىش تىزىملىكى تۈزۈپ، «تاماق بۇيرۇتۇش شەكلى»دىكى پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئالغا سىلجىتتى. مەكتەپتىكى مۇتەخەسسىس، پىروفېسسورلار پەن تەتقىقات تۈرى(تېمىسى)نى ئىلتىماس قىلىش ھەم تەتقىق قىلىۋاتقان تۈرلەردە پەن ـ تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىش جەريانىدا، ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئېھتىياجىنى چىڭ كۆزلەپ، دېھقانلار جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى، تۇپراق ئورگانىك ئوغۇتىنى ئىچىش ـ ئەمەلىي قوللىنىش، كالا، قويلارنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆپەيتىش، بېقىش، باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك خاس كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇردى.

بۇ مەكتەپنىڭ ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك شۆبىۋەنىنىڭ پىروفېسسورى چىن يۇڭ كوللېكتىپى ئاۋات ناھىيەسى بەشئېرىق بازىرىنىڭ ئىنتىپاق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، سولياۋ ئەگمە لاپاستا لازا، جاڭدۇ، سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتتى؛ مەكتەپ يېمەكلىك ئىلمى ۋە دورىگەرلىك ئىلمى شۆبىۋەنىنىڭ دوتسېنتى جۇ جىنفاڭ كوللېكتىپى خاس جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش ۋە ئېچىش تېخنىكىسىنى توپلاشتۇرۇپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، قۇرت يوقىتىدىغان قارا زىرە، تۆكلۈك كۆكچېچەك، زاراڭزا قاتارلىق 11 خىل خاس جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېرىدى. نۆۋەتتە، مەكتەپ ئاۋات ناھىيەسىدە 16 تۈرلۈك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرىنى يولغا قويدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى باش تېما تەربىيەسىدە «تاماق بۇيرۇتۇش شەكلى»دىكى تەربىيەلەشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرىنچى سەپكە بېرىپ تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە يەتكۈزۈشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، ھازىرغىچە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئاۋات ناھىيەسىدە 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق دېھقاننى تەربىيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەكتەپ قەشقەر شەھىرى، مەكىت ناھىيەسى قاتارلىق ئۈچ ناھىيە، شەھەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېڭىچە كەسپىي دېھقانلارنى تەربىيەلەش تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەمئىي 2000 ئادەم قېتىمغا يېقىن تەربىيەلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى شىنجاڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش تەتقىقات يۇرتى قۇردى. «شىنجاڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش تەتقىقات يۇرتىنى قۇرۇش مەكتەپنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش تېمىسىنى چۆرىدەپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمدە نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شيې شۈچىڭ مۇنداق بىلدۈردى: مەكتەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى، بولۇپمۇ ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك تۈرلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا پائال ياردەم بېرىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل شەكىلدىكى پەن ـ تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئومۇمىي خىزمىتىگە كۈچ قوشۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار، ئەقلىي كۈچ ئەۋزەللىكىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# مىڭ دېيىڭ: سۈتى بىلەن ياردارلارنى قۇتقۇزۇۋالغان يىمىڭلىق گاچا ئانا

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر شياۋ خەيچۈەن) شەندۇڭنىڭ يىنەن ناھىيەسىگە جايلاشقان «يىمىڭلىق قىزىل يەڭگە خاتىرە سارىيى»غا كىرگەندە، تاملىرى كۆك تاشتىن قوپۇرۇلغان، تۈتۈق سېرىق پاخالدىن يېپىلغان پاكار كەپە ئۆينى كۆرگىلى بولىدۇ. «بۇ خىل پاخال ئۆينى بىز يەرلىك پۇقرالار ‹نوگايسمان ئۆي› دەپ ئاتايمىز. ئۇرۇش يىللىرىدا، نۇرغۇن پۇقرالار كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ئۆي سالالماي، پەقەت تۆت تەرىپىدىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ خىل ئادەتتىكى تۇرالغۇدا تۇراتتى» دېدى خاتىرە سارىيىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى تونۇشتۇرۇپ.


بۇ، مىڭ دېيىڭ(سولدا)نىڭ ماتېرىيال سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

بەلنى ئېگىپ كىرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى مۇشۇنداق تار «نوگاي»دا، يىمىڭلىق قىزىل يەڭگە مىڭ دېيىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 8 ـ ئارمىيەنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىككى جەڭچىسىنى قۇتقۇزۇۋالغان. خەۋپلىك، جىددىي پەيتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ سۈتى بىلەن ئېغىر يارىلانغان پەرزەنت ئەسكەرلەرنى قۇتقۇزۇۋالغان.

مىڭ دېيىڭ 1911 ـ يىلى شەندۇڭنىڭ يىنەن ناھىيەسىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق چاغلىرىدا ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن تىلى چىقماي قالغان؛ 20 ياشلاردا ماۇچى يېزىسى خىبخې كەنتىدىكى لى كەيتيەنگە ياتلىق بولغان. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تىرىلغۇ يېرى، ئۆيىمۇ يوق بولۇپ، يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە كەنت سىرتىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ يېنىغا «نوگايسمان ئۆي» سېلىپ، قەبرىگە قارىغۇچى بولغان.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوتى يامراپ كەلگەندە، تاغلار بىلەن ئورالغان بۇ تاغلىق كەنت ئوخشاشلا ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا چەيلەنگەن، شۇنداقلا يىمىڭ پۇقرالىرى بىلەن خەلق ئارمىيەسىنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتىگە گۇۋاھ بولغان.

1941 ـ يىلى، كۈز، قىش مەزگىلىدە، ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسى يىمىڭ تاغلىق رايونىنى ھەدەپ تازىلاپ، يىنەن ماۋچىدا تۇرۇشلۇق 8 ـ ئارمىيە شەندۇڭ زۇڭدۇيىنىڭ سىلىكبۇسىنى قورشىۋالغان. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، 8 ـ ئارمىيەنىڭ بىر كىچىك جەڭچىسى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن بۆسۈپ چىققاندا ئېغىر يارىلىنىپ، يول بويى دەلدەڭشىگىنىچە قەبرىستانلىق ۋە ئورمانلىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، دەل مىڭ دېيىڭغا ئۇچراپ قالغان. مىڭ دېيىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان كىچىك جەڭچىنى يوشۇرۇپ قويغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككى ياپون ئەسكىرى مىلتىقنى بەتلەپ قوغلاپ كەلگەن. ياپون ئەسكەرلىرى مىڭ دېيىڭنىڭ گاچا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، كىچىك جەڭچىنىڭ بوي ئېگىزلىكى، كىيىمىنى ئىشارەت قىلىپ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغان. مىڭ دېيىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قىلچە ئىككىلەنمەي كەنت سىرتىدىكى شىشەننى كۆرسىتىپ قويغان.

ئۇلارنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، مىڭ دېيىڭ ئاندىن 8 ـ ئارمىيەنىڭ بۇ كىچىك جەڭچىسىگە تەپسىلىي سەپسالغان. ئۇ كىچىك جەڭچىنىڭ قان كۆپ چىقىپ كېتىپ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى بايقىغان. بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان مىڭ دېيىڭ ئوت يېقىپ سۇ قاينىتىشقا ئۈلگۈرەلمەي، مەردانىلىك بىلەن كېيىمىنى يېشىپ سۈتىنى كىچىك جەڭچىنىڭ ئاغزىغا بىر تېمىم ـ بىر تېمىمدىن تېمىتقان. كىچىك جەڭچىنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، مىڭ دېيىڭ بىلەن ئېرى ئائىلىسىدىكى بارى ـ يوق ئىككى توخۇنى سويۇپ شورپا قايناتىپ، ئۇنىڭغا بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزگەن. ھەر كۈنى مىڭ دېيىڭ يەنە كىچىك جەڭچىنىڭ يۇقۇملىنىپ يىرىڭلىغان يارا ئېغىزىنى تازىلىغان. يېرىم ئايدىن كېيىن، كىچىك جەڭچىنىڭ يارىسى ساقىيىپ قىسىمغا قايتقان.

1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، 8 ـ ئارمىيە شەندۇڭ زۇڭدۇيىنىڭ 13 ياشلىق پەرۋىش خادىمى جۇاڭ شىنمىن سەپداشلىرى بىلەن بىللە «تازىلاش»قا قارشى جەڭدە بىر تەرەپتىن ياردارلارنى قۇتقۇزۇپ، بىر تەرەپتىن ياردارلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ يۆتكىلىشىنى ھىمايە قىلغان. تالاپەتنى ئازايتىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك يېشى كىچىكرەك 8 ـ ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلغان. كېچىدە يۆتكىلىش جەريانىدا جۇاڭ شىنمىن سەپتىن چۈشۈپ قېلىپ، پاناھلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئاما بىلەن بىللە ياپون قاراقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. بۇ بىر توپ پۇقرالار ئىچىدە مىڭ دېيىڭنىڭ ئېرى لى كەيتيەنمۇ بار ئىدى.

لى كەيتيەن جۇاڭ شىنمىننىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىنى، بەدىنىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا بولۇشۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭغا كۆپ غەمخورلۇق قىلغان. ئىككىيلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قىستىشىدا بىرەر ئايدەك مەدىكار بولۇشقا مەجبۇرلانغاندىن كېيىن، شەندۇڭ تەدىمەندە قويۇپ بېرىلىپ يۇرتىغا قايتقان. ئۇزاق يول يۈرۈش داۋامىدا، ئاجىزلاپ كەتكەن جۇاڭ شىنمىننىڭ يارا ئېغىزى يىرىڭلاپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ يانمىغان، لى كەيتيەن ئۇنى يۇدۇگىنىچە دەريا كېچىپ، تاغ ھالقىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن.

مىڭ دېيىڭ ئېرىنىڭ بىر ناتونۇش ئادەمنى يۇدۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قىلچە زارلانمىغان. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى دۈشمەننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇاڭ شىنمىننى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆز ئۆيىنىڭ كەپىسىگە، يېقىن ئەتراپتىكى غارغا، كەنت سىرتىدىكى جىلغىغا يوشۇرغان. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشى بىلەن، جۇاڭ شىنمىن ھايات ـ ماماتلىق گىرداۋىدىن تەدرىجىي قايتۇرۇپ كېلىنگەن. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن جۇاڭ شىنمىن قايتىدىن قىسمىنى ئىزدەپ تاپقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇاڭ شىنمىن مىڭ دېيىڭ ئەر ـ خوتۇن بىلەن ئالاقىلەشكەن.

1960 ـ يىلى، داڭلىق يازغۇچى ليۇ جىشيا مىڭ دېيىڭنىڭ سۈتى ئارقىلىق ياردارنى قۇتقۇزغانلىقىدەك ۋەقەلىككە ئاساسەن، «قىزىل يەڭگە» دېگەن ھېكايىنى ئىجاد قىلىپ، «قىزىل يەڭگە» دېگەن نامنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. مىڭ دېيىڭ «يىمىڭلىق تۇنجى قىزىل يەڭگە» دەپ ئاتالغان. مىڭ دېيىڭ 1995 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، بىراق ئۇنىڭ نامى ئۆچمىدى، روھى ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ. ئۇ يىمىڭدىكى قىزىل يەڭگىلەر توپى بىلەن ئەزاھلىغان يىمىڭ روھى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. پېشقەدەم بىر ئەۋلاد كىشىلەر روھىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئوغلى، قىزى، نەۋرىسى قاتارلىقلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەربىي سەپكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ خۇشاللىق كۈلكىسى بولمىغان ئۆتمۈش

ياقۇپنىڭ غۇۋا ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇ ئۆيىدىكى چوڭلار تەرىپىدىن قانۇنسىز تەبلىغ ئېيتىش سورۇنىغا ئېلىپ كىرىلگەن چاغدا ئاران سەككىز ياشتا ئىكەن.

ئەينى چاغدا ياقۇپ ئەتراپتىكى چوڭلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئىلگىرىكى ناھايىتى ئادەتتىكى ئىشلارنىڭمۇ «چەكلىنىدىغان ئىش»قا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىلا بىلەتتى. «ناخشا ئېيتالماسلىق، ئۇسسۇل ئويناۋالماسلىق، خۇشال بولغاندا كۈلەلمەسلىك، ئازابلانغاندا يىغلىيالماسلىق...» ئەينى چاغدا ياقۇپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئۆزىنىڭ سەبىي بالىلىقىنى چىرىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ياقۇپ ھەر قېتىم ئەتراپتىكى خەنزۇ كىچىك دوستلار بىلەن بىللە ئويناۋاتقاندا، بەزى چوڭلار ئۇنى تارتىپ ئېلىپ كېتەتتى، ياقۇپ بۇنى چۈشەنمەيتتى، پەقەت چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولاتتى. «جەمەتىمىزدىكى بەزى چوڭلار ‹مۇسۇلمانچە ئەمەس›تاللا بازىرىدىن نەرسە سېتىۋېلىشىمغا يول قويمايتتى، ھەتتا بىرەر تال كەمپۈت يېيىشىمگىمۇ رۇخسەت قىلمايتتى.» ياقۇپنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان بولۇپ، پەقەت ياقۇپنىڭ بارغانسېرى «كىشىلەردىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان»لىقىنى ھېس قىلغان.

يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ياقۇپنىڭمۇ باشقىلار بىلەن دوست بولغۇسى كەلدى، لېكىن ئىلگىرىكى «ئادەت»لىرى ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. «ئۇلار مېنى سىرتقا چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا، تانسىخانىلارغا بېرىپ ئۇسسۇل ئويناشقا چاقىراتتى، مەن بېشىمنى چايقاپ رەت قىلاتتىم.» ياقۇپقا كىچىكىدىن باشلاپلا «ناخشا ئېيتسا، ئۇسسۇل ئوينىسا كەلگۈسىدە دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇ ئۇنى خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلغانىدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياقۇپ بىر زاۋۇتتا خىزمەت تاپتى. خىزمەتداشلىرى بۇ تارتىنچاق يىگىتنىڭ دائىم باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆپچىلىك سىرتقا چىقىپ ئولتۇرۇش قىلسىمۇ ئۇ قاتناشمايتتى. ياقۇپ مال يەتكۈزۈشكە مەسئۇل ئىدى، بىراق مال تاپشۇرۇۋالغۇچى خەنزۇ بولسىلا، ئۇ باھانە كۆرسىتىپ نېرى كېتىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشمايتتى.

«ئەمەلىيەتتە ئۇ تاغا، ھاممىلار ماڭا بەك قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن مەن قورقاتتىم، ئۇلار بىلەن ياخشى پىكىر ئالماشتۇرالماسلىقتىن ئەنسىرەيتتىم.» ياقۇپنىڭ ئېيتىشىچە، تەدرىجىي ھالدا ئۇ بۇنداق ياشاۋەرسە بولمايدىغانلىقنى ھېس قىلغان.

ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئەنسىرىدى. ئاخىرىدا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، ياقۇپ خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىردى.

## ■ قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىش مۇساپىسى

تەربىيەلەش مەركىزىگە كىرگەندىن كېيىن، ياقۇپ كەڭ، ئازادە، يورۇق دەرسخانا بىلەن مول، رەڭدار پائالىيەتلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بېكىنمە تۇرمۇشى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇنداق ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان كەيپىياتتا ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلا قەلب دەرۋازىسى ئېچىلىپ كەتتى.

«مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئىزدەپ سىرداشتىم، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۆگىنىش تەسىراتىمنى ئالماشتۇردۇم.» ياقۇپنىڭ ئېيتىشىچە، تەربىيەلەش مەركىزىدە، ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپتۇ، شۇنداقلا كىتابلاردىن ناھايىتى كۆپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دۇنيانى كۆرۈپتۇ. «ئۆگىنىش ئارقىلىق مەندە ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارى بار بولدى، ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىدە يوقاتقانلىرىمنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى بىلدىم.» ياقۇپ خاتالىقنى ئۆزگەرتىپ ـ كېسىل تۈگىتىش قارارىغا كەلدى.

تەربىيەلەش مەركىزىدە بىر ئۇسسۇل رېپېتىتسىيە زالى بار بولۇپ، ئادەتتە نۇرغۇن كىشى بۇ يەرگە كېلىپ رېپېتىتسىيەگە قاتنىشاتتى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۇسسۇلى ياقۇپنى جەلپ قىلدى. «مەن ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ، ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلدىم، مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغۇم بار ئىدى.» ياقۇپنىڭ ئارزۇسى تېزلا ئەمەلگە ئاشتى. ئەزەلدىن ئۇسسۇلغا بولغان قىزغىنلىقىغا جاپالىق مەشىق قوشۇلۇپ، ياقۇپ ئۇسسۇلنى بارغانسېرى ياخشى ئوينايدىغان بولدى، يەنە ئۇسسۇل ئويۇنى قويۇشقا قاتناشتى.

«مەن سەھنىدە بېرىلىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىمدا، سەھنە ئاستىدا قىزغىن چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.» ياقۇپ مۇنداق دېدى: ئۇ خىل قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇغان بەخت تۇيغۇسى ۋە قانائەتلىنىش تۇيغۇسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

تەربىيەلەش مەركىزىدىكى كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ياقۇپ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئىش ئورنىغا چىقتى.

## ■ ئۈمىدكە تولغان تۇرمۇش

مەھەللىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ياقۇپ ئىلگىرى ئىشلىگەن يېمەكلىك زاۋۇتىغا قايتتى. زاۋۇت دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ياقۇپ كارخانىنىڭ تەشۋىقات تاختىسىدىكى شىركەتتىكىلەرنىڭ كوللېكتىپ سۈرىتى، يەنە ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى. ياقۇپ سۈرەتكە قاراپ ھازىرقى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدى.

ياقۇپ ئىشلەيدىغان يېمەكلىك زاۋۇتى شۇ جايدىكى بىر مەخسۇس يېمەكلىك شېكىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى چاقماق قەنت، قارا شېكەر قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئەتراپتىكى مال زاكاز قىلغان تاللا بازارلىرى ۋە ئاشخانىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئىدى. ھەر كۈنى سەھەردە، ياقۇپ ئالدى بىلەن مال يەتكۈزۈش ئاپتوموبىلىنى پاكىز يۇيۇپ، ئاندىن ماي قاچىلاش زۆرۈر ـ زۆرۈر ئەمەسلىكىگە قارايتتى، ھەممىنى مۇۋاپىق تەقلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ يەتكۈزىدىغان زاكازنى ساقلايتتى. ھەر كۈنى ئۇيياق ـ بۇياققا قاترايدىغان تۇرمۇشتىن ياقۇپ ناھايىتى قانائەت ھېس قىلدى، مال يەتكۈزۈش داۋامىدا، ئىلگىرىكى بۇ تارتىنچاق يىگىت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەتراپتىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان، چاقچاقلىشىدىغان بولدى.

«تۈنۈگۈن كەچتە، بىر تانسىخانىغا تۇيۇقسىز مال يەتكۈزۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ياقۇپ تېلېفوننى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، باشقا گەپ قىلمايلا ئۆيدىن چىقىپ مالنى ئېلىپ تانسىخانىغا قاراپ ماڭدى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە سەھەر سائەت 1 بولغانىدى.» زاۋۇتنىڭ مەسئۇلى ئابدۇل خېلىلدا يېڭىباشتىن زاۋۇتقا قايتىپ كەلگەن بۇ يىگىت چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. «ئىلگىرى ئۇنى تاماق يېيىشكە چاقىرساق بارمايتتى، ھېيت ـ بايراملاردا ئۇنى ئۇسسۇل ئويناشقا چاقىرساقمۇ قاتناشمايتتى، ھازىر ئوخشىمايدۇ، خىزمەتتە غەيرەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە كۆپچىلىكنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئولتۇرۇش قىلىشقا تەشكىللەيدۇ.» ئابدۇل مۇنداق دېدى: ئولتۇرۇش قىلغاندا ياقۇپنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئۇسسۇلنى ئەسلىدە بۇنداق ياخشى ئوينايدىغانلىقىدىن ھەيران قالدى.

ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئانىسى مەلىكە مەمتىمىن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى. «ھازىر ئوغلۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپلا قالماي، يەنە چاقچاق قىلىپ مېنى خۇشال قىلىدۇ.» مەلىكە مۇنداق دېدى: نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ياقۇپنىڭ چوڭ ئاچىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى، ئۇ ئاچىسىنى تارتىپ بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، ئۆي ئىچىنى ناھايىتى قىزىتىۋەتتى.

«مەن داۋاملىق دۆلەت ئورتاق تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ھەممە ئادەم بىلەن دوستلىشىپ، ‹تاتلىق›نى كۆپچىلىككە سوۋغا قىلىمەن.» ياقۇپ مۇنداق دېدى: يېڭى تۇرمۇش يەنە ھەسسىلەپ تىرىشىشقا ۋە كۆرەش قىلىشقا موھتاج.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)